3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# «بۈركۈت» بىلەن قوتازنىڭ ھېكايىسى

## —— كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدىكى لاچىن بايەكە ③

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ شياڭ

تاجىك چېگرا قوغدىغۇچى لاچىن بايەكە كۆپ يىل ۋەتەننى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلدى، شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنى «پامىر بۈركۈتى» دەپ ئاتىدى.

ھالبۇكى، ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونلاردا قىش پەسلىدە قار لەپىلدەپ يېغىپ، قەھرىتان سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتىدۇ، ياز پەسلىدە دائىم دېگۈدەك «بىر كۈندە تۆت پەسىل» كۆرۈلۈپ، يامغۇر، قار، مۆلدۈر نۆۋەت بىلەن ياغىدۇ، بۇنداق مۇھىتتا چېگرانى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، «بۈركۈت»مۇ ياخشى ياردەمچىگە موھتاج بولىدۇ.

قوتاز «ئېگىزلىكتىكى كېمە» دەپ تەرىپلىنىدۇ، يەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، كۈچلۈك، تاغقا يامىشىشقا ماھىر، ئېگىزلىكتىكى سوغۇققا چىدامچان.

«قوتاز تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئۇنى ئاستا - ئاستا بېقىپ چوڭ قىلغۇچە، يەنە چارلاش يولىغا قەدەم قويغۇزۇشقىچە... قوتاز بىزنىڭ دوستىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، چېگرانى چارلاش يولىدىكى سەپدىشىمىز» دېدى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لاچىن بايەكەنىڭ دادىسى، پېشقەدەم چېگرا قوغدىغۇچى بايەكە كەلدىبېك ئۆز ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىكى كىچىك قوتازنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا.

چېگرانى چارلاش يولىدا خەتەر كۆپ، قوتازلىق ماڭغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا ئۆلۈش - يارىلىنىش خەۋپى كۆرۈلىدۇ.

«نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا، مەن دادام بىلەن چېگرا چارلاشنى باشلىغان ۋاقتىمدا، قوتاز تىك قىيادىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەنىدى.» بايەكە كەلدىبېك ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «قوتاز ئائىلىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبەسى ئىدى، ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ قوتىزى بىلەن ھەقسىز چارلاشقا چىقىدىغانلىقىنى پەقەتلا چۈشەنمىگەنىدىم».

«ئەگەر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى چېگرانى قوغدىمىغان بولسا، بىزنىڭ ئۆيىمىز بولمايتتى، نەدىمۇ بىزنىڭ كالا، قويلىرىمىز بولسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى دادام. بۇ ئاددىي، ئەمما مەردانە سۆز ئائىلىمىزدىكىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چىڭ تۇرىدىغان ئەقىدىگە ئايلاندى.

2004 - يىلى 8 - ئايدا، ئەمدىلا ئارمىيەدىن چېكىنگەن لاچىن بايەكە دادىسىنىڭ قولىدىكى قامچىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قوتازغا مىنىپ قارلىق تاغلاردا يۈرۈپ، مۇزلۇق دەريالارنى كەچتى.

بىر قېتىم، چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى چارلاشقا چىققاندا ئادەتتىكىگە قارىغاندا كۆپرەك قوتاز ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى، لاچىن بايەكە دەرھال قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزدەشكە ئاتلاندى. بىرلىكتە چېگرا قوغداشقا بارغان چېگرا قوغدىغۇچى شاكىر ئوسمانجان ھەيران بولغان ھالدا: «تارقاق بېقىلىدىغان قوتازلار تاغنىڭ ھەممە يېرىدە يايلاپ يۈرىدۇ، لاچىن بايەكەنىڭ ئۆزىنىڭ قوتازلىرىنى تېپىپلا قالماي، يەنە جەزمەن قاۋۇل، چېگرا چارلاشقا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بۇقىلارنى تېپىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ھەر تەرەپتىن يېتىلەپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى» دېدى.

«بۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئورۇندىغىلى بولمايدىغان ۋەزىپە ئىدى!» تا ھازىرغىچە، شاكىر ئوسمانجان ئىلگىرىكى بۇ ئىشنى ئەسلىسە، يەنىلا «ئەقىلگە سىغمايدۇ» دەپ ھېس قىلىدۇ — ئۈچ كۈندىن كېيىن، لاچىن بايەكە 30 قوتازنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىپ، چارلاش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان مۇزغا يامىشىپ، قار ئۈستىدە يېتىپ، مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلغاچقا، قوتاز لاچىن بايەكە ۋە چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئايىنىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان سەپداشقا ئايلاندى. لېكىن يول بويى تاغلار ئېگىز، يوللار خەتەرلىك بولۇپ، خۇددى ئەينى يىللاردىكى ئاتا - بوۋىلار باشتىن كەچۈرگەنگە ئوخشاش، تۇيۇقسىز ئايرىلىشتىنمۇ ساقلانغىلى بولمايتتى.

2014 - يىلى 9 - ئايدا، لاچىن بايەكە چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن ۋۇفۇلاڭ جىلغىسىغا چارلاشقا باردى. مۇزلۇق دەريادىن ئۆتكەندە، لاچىن بايەكەگە ئون يىل ھەمراھ بولغان ئاق قوتاز تۇيۇقسىز ئېچىنىشلىق مۆرەپ، ئارقىدىنلا پالەچ بولۇپ دەريادا يېتىپ قالدى.

لاچىن بايەكە تەكشۈرگەندىن كېيىن، مۇزلۇق دەريادىكى تاشلار ناھايىتى سىلىق بولغاچقا، ئاق قوتازنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئومۇرتقىسى سۇنۇپ كېتىپ، قايتا ئۆرە تۇرالمىغانلىقىنى بايقىدى. ئەمما، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى، چارلاش ئەترىتى ئامالسىز ئاق قوتازنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ قويىدى ھەم نۇرغۇن ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ، «ئۇنىڭ مۆجىزىلەرچە ساقىيىپ ئەسلىگە كېلىشى»نى ئۈمىد قىلدى. بىراق لاچىن بايەكە بۇ كېتىشنىڭ مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئاق قوتازنىڭ قېلىن دۈمبىسىنى سىلاپ، ئۈن - تىنسىز ياش تۆكتى، جەڭچىلەرنىڭمۇ كۆز چانىقى قىزاردى.

«ماڭايلى، داۋاملىق ماڭايلى» دېدى لاچىن بايەكە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ قەتئىيلىك بىلەن.

لاچىن بايەكەنىڭ قەلبىدە چېگرانى چارلاش، چېگرانى قوغداش مەڭگۈ بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. «بىز قەشقەر داشۆسىدە تەربىيەلىنىۋاتقاندا، ئۇ ھەمىشە ئۆيىدىكى قوتازلاردىن ئەنسىرەيتتى.» لاچىن بايەكەنىڭ قەشقەر داشۆدە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلدىكى ساۋاقدىشى مۇساجان نۇردۇن مۇنداق دېدى: بىر قېتىم ئائىلىسىدىكىلەر تېلېفون قىلىپ بىر قوتازنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ شۇ ھامان قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالغانىدى.

«ئەزەلدىن ئۇنىڭ بۇنچىلىك جىددىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.» مۇساجان نۇردۇن لاچىن بايەكەگە تاكى ئۇنىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشقىچە توختىماي تەسەللى بەردى. «كېيىن لاچىن بايەكە ئۆز - ئۆزىگە ‹ئۆيدە يەنە تۆت كىچىك قوتاز بار، چوڭ بولسا ئۇلارمۇ چارلاشقا چىقالايدۇ› دېدى».

70 نەچچە يىلدىن بۇيان، لاچىن بايەكە ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ ئىزى پامىر ئېگىزلىكنىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىگە كەڭ تارقالدى، جەمئىي 700 قېتىمدىن ئارتۇق چارلاپ، 30 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە قوتاز چارلاش يولىدا چارچاپ ئۆلۈپ كەتتى، توققۇز قوتاز ئېغىر يارىلاندى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كۆپ قېتىم قىسمىنىڭ تولۇقلىمىسىنى رەت قىلدى.

«قوتاز يېنىمدىكى قېرىنداش، قەھرىمان، ئۇلار چېگرانى چارلاش جەريانىدا يارىلىنىپ، يىقىلىپ ئۆلۈپ كەتكەندە ئىچىم ناھايىتى ئاغرىيتتى.» لاچىن بايەكە ھايات ۋاقتىدا زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «ئەمما جەڭچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ھەممىدىن مۇھىم، ئۇلار ۋەتەننىڭ چېگراسىنى قوغدايدۇ، يۇرت - ماكانىمىزنى قوغدايدۇ، ئۇلارغا يول باشلاش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تەبىئىي ئورماننى قوغداش جەھەتتە، شىنجاڭ 1998 - يىلدىن باشلاپ تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويىدى، 2000 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە، شىنجاڭ تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى رايونىنىڭ ياغاچ ماتېرىيال مەھسۇلات مىقدارى ھەر يىلى 280 مىڭ كۇب مېتىردىن 80 مىڭ كۇب مېتىرغا تەڭشىلىپ ئازايتىلدى، 2005 - يىلى تەبىئىي ئورماننى تاۋار خاراكتېرلىك كېسىش ئومۇميۈزلۈك توختىتىلدى. 22 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئورماننى قوغداش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلىپ، جەمئىي 5 مىليارد 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تەبىئىي ئورمان ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

دۆلەت زېمىننى كۆكەرتىش جەھەتتە، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ جەمئىي 14 مىليون 769 مىڭ مو ئورمان بەرپا قىلىشنى تاماملاپ، 100 مىليون تۈپتىن ئارتۇق مەجبۇرەن كۆچەت تىكتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ «سۇ ئارقىلىق يېشىللىقنى مۇقىملاشتۇرۇش» پرىنسىپى ئاساسىدا، ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشنى نۇقتىلىق ھالدا ئىھاتە ئورمىنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىشكە يۆتكەپ، ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى ۋە يېزا - كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشنى ئاساس قىلغان دۆلەت زېمىننى كۆكەرتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرى تېخىمۇ يېشىل، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي ئورماننى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى چىقىرىپ، قاتتىق، ئىلمىي بولغان قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تەبىئىي ئورماننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ساغلام، مۇقىم بولغان ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى. قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش، چۆللۈك ئورمىنىنى قوغداش، بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چېكىنگەن ئىھاتە ئورمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تارىم ۋە جۇڭغاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىقنىڭ گىرۋىكىدىكى بوستانلىق رايونلىرىنى چۆرىدىگەن ئېكولوگىيە توسۇقى بەرپا قىلدى. قوغداش رايونى قۇرۇلۇشى، سۇلۇق يەرنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نۇقتىسىمان تارقالغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قوشۇلاشقان يەر دائىرىلىك مۇھاپىزەت رايونى، سۇلۇق يەر باغچىسى، ئورمان باغچىسى، قۇملۇق باغچىسى، مۇھىم سۇ مەنبەسى يېرى ھەم مۇھىم سۇلۇق يەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئېكولوگىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئېكولوگىيە ماھىيەتلىك مەزمۇننى بېيىتىپ، ئېكولوگىيە بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

توپ - توپ قۇشلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلسا، بەزىلىرى كۆلدە ئوينىشىپ، بىر پارچە ئىناق ئېكولوگىيە يۈگمە رەسىمنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز گەۋدىلىك بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك ئېكولوگىيەلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر دەي ۋۇجۇن.

2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنىڭ باسقۇچلۇق نىشانىنى تاماملىدى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىجىل ياخشىلاندى. 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە PM2.5 نىڭ قويۇقلۇقى 2015 - يىلدىكىدىن 17.6% تۆۋەنلەپ، ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى 2015 - يىلدىكىدىن 2.7 پىرسەنت پوئىنت ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن شەھەر - بازارلاردىكى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلىدىكى ئىچىدىغان سۇ مەنبەسى يېرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سۇ سۈپىتى نىسبىتى 92.4% كە يەتتى، ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەردە قارا، سېسىق سۇنى تۈگىتىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

2000 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 21 قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزدى، بۈگۈنكى كۈندە، قىش پەسلىدىمۇ، تارىم دەرياسىنىڭ قۇيرۇقىدىكى تېتىما كۆلىدە ھاياتىي كۈچكە تولغان مەنزىرە شەكىللىنىپ، ياۋا ئۆردەك، ئاق قوتان قاتارلىق سۇ قۇشلىرى توپ - توپ بولۇپ، كۆلدە ئوينىشىپ يۈرىدىغان بولدى، ئەتراپتىكى سۇلۇق يەر توغراق، قومۇش ۋە يۇلغۇنلار بىلەن قاپلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى توغراقلىقنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويىدى. تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇم ئېكولوگىيەسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى. ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا تايىنىپ، بەش يىلدا جەمئىي 28 مىليون 375 مىڭ 600 مو يەردە قۇمدىن مۇداپىئەلەندى، قۇمنى تىزگىنلىدى، 4 مىليون 922 مىڭ مو يەرنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇردى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2015 - يىلدىكى 4.7% تىن ئۆرلەپ ھازىرقى 5.02% كە يەتتى، ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى كۆرۈنەرلىك ئەسلىگە كېلىپ، چېكىنىش يۈزلىنىشى تىزگىنلەندى.

ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، قۇرۇپ كەتكەن دەريا - ئېقىنلار قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولدى، قەدىمىي توغراقلار بىخ سۈرۈپ قايتىدىن كۆكەردى... ھەممىلا جايدا نامايان بولغان ئېكولوگىيەلىك گۈزەل مەنزىرە ھەر مىللەت ئاممىغا تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسى ئېلىپ كەلدى. سۈيى سۈزۈك، تاغلىرى يېشىل، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان گۈزەل شىنجاڭ كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولماقتا.

## يېشىل تەرەققىيات سىجىل تېزلىتىلدى

نۆۋەتتە، باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونىدا «كېرەكسىز گازنى ئادەتتىن تاشقىرى ئاز قويۇپ بېرىش، كېرەكسىز سۇنى نۆل قويۇپ بېرىش، قاتتىق كېرەكسىز تاشلاندۇقنى زاۋۇتتىن چىقارماسلىق» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىركەت ئېنېرگىيە، مۇھىت قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاۋ يۈگلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر شىركىتى زاۋۇت رايونىدا بارلىق سانائەت كېرەكسىز سۈيى ھەممىدە تۇرمۇش يۇندىسى چوڭقۇر بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قايتا ئىشلىتىلىدۇ.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەنى قوغداش تۈزۈمى ۋە بوشلۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلەتتى.

كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا يۇقىرى پەللىدىن تۈرتكە بولۇپ، سانائەت، يېقىلغۇ كۆمۈر، موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ بۇلغىما مەنبەسى»نى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى سىجىل كۈچەيتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ئەلالاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 -، 2 -، 3 - كەسىپ قۇرۇلمىسى سىجىل ئەلالىشىپ، شامال ئېلېكتر، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يېشىل باغچە رايونى قۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ يېشىل زاۋۇت، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىشى ۋە يېشىل مەھسۇلات ئېچىشنى قوللاپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ يېشىل ياسىمىچىلىق ئۈلگە كۆرستىش ئورنىدىن تۆت تۈركۈم تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنئەنىۋى ياسىمىچىلىققا قارىتىلغان يېشىل ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتىپ، سانائەتتە ئېنېرگىيە تېجەش، سۇ تېجەش، بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ساھەسى قاتارلىق سەككىز تەرەپتىكى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى نۇقتىلىق قوللىدى.

نەنفېڭ رىخۇا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ يېشىل ئۆزگەرتىشنى قوللىغان كارخانىلارنىڭ بىرى، يېشىل تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھەم مۇھىت قوغداش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، بۇ كارخانا «ئۈچ كېرەكسىز»نى نۆل قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ھەر يىلى يەنە كارخانىنىڭ كىرىمىنى 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيتتى.

## ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى سالمىقى مىسلىسىز بولدى

«ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىمىزگە ئېلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىمىز» دېدى دەي ۋۇجۇن.

«14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2021 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتىدە «ھاۋا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كاربون قويۇپ بېرىشنى تۆۋەنلىتىش، ئېكولوگىيەنى كۈچەيتىش، سۇنى تىزگىنلەش، تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، بۇلغىنىشنى دەل جايىدا تۈزەش، بۇلغىنىشنى ئىلمىي تۈزەش، بۇلغىنىشنى قانۇن بويىچە تۈزەشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتى يىغىنىدا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ يېتەكلەش، ئەلالاشتۇرۇش ۋە مەجبۇرلاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى داۋاملىق چوڭقۇرلاپ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. «يېقىنقى مەزگىلدە، بىز دۆلەت چىقارغان كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشكە ئالاقىدار ھۆججەتكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش ھەرىكەت لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پرىنسىپ جەھەتتە قويۇپ بېرىش بوشلۇقى يوق جايلارنى ئالدى بىلەن چوققا قىممەتكە يەتكۈزىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز بۇرچىن ناھىيەسى، قابا ناھىيەسى قاتارلىق دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى بەش ئۈلگە كۆرستىش ناھىيەسى ۋە قورغاس ناھىيەسىدىن ئىبارەت «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» بويىچە ئەمەلىيەتتە كۆرستىش، يېتەكلەش يارىتىش بازىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلدى. «بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە 5 - تۈركۈمدىكى دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرستىش ناھىيەلىرى ۋە ‹سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق› بويىچە ئەمەلىيەتتە كۆرستىش، يېتەكلەش يارىتىش بازىلىرىنى بەرپا قىلىشنى داۋاملىق پائال ئىلتىماس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا نۆل ھالەتنى بۆسۈپ تاشلاشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى تەبىئىي ئېكولوگىيەنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى.

شىنجاڭدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە 203 دۆلەت دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇت قاتارىغا كىرگەن بىردىنبىر كانچىلىق كارخانىسى — پەيزاۋات ناھىيەسى تۇڭخۇي كانچىلىقى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ «سېمونت ۋە ھاك تاش بىلەن قاتۇرۇپ تولدۇرۇش» تېخنىكىسىنى رەڭلىك مېتال كانىدا قوللانغان كارخانا بولۇپ، كان داشقاللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. تۇڭخۇي كانچىلىقىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ جىنبو مۇنداق دېدى: كەلگۈسى بەش يىلدا، شىركىتىمىز بىر قاتار ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئېنېرگىيە باشقۇرۇش - تىزگىنلەش مەركىزىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

«بىز يەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، بايلىق سەرپىياتى تۆۋەن، مۇھىت بۇلغىنىشى ئاز بولغان يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمائىل مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، سۇ تېجەش يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى جابدۇقلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، سانائەتنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئايلانما ئىقتىسادنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ھەم سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى لايىھەلەش، بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان تېخنىكا ۋە جابدۇقلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.